«ئەپچىل يولۋاس» چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ياخشى چۈش كۆرۈڭ قوزام



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتابنى سۆيۈملۈك __________ تەقدىم قىلىمەن.

__________ دىن.

«كىچىك يولۋاس» چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ياخشى چۈش كۆرۈڭ قوزام

ئاپتورى: كىلەيىر فرىدمەن [ئەنگلىيە]
رەسىمىنى سىزغۇچى: گايىر ئىرىل [ئەنگلىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى


图书在版编目(CIP)数据

好梦宝贝：维吾尔文 / (英) 弗里德曼著；(英) 耶里尔绘；孙艳敏汉译；买然木汗·那以甫维译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
（小老虎童书馆系列）
ISBN 978-7-5469-7703-4

Ⅰ. ①好… Ⅱ. ①弗… ②耶… ③孙… ④买… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－英国－现代 Ⅳ. ①I561.85

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 263896 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木　责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：夏依买尔旦·艾尼瓦尔　责任印制：刘伟煜
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜



丛书名　小老虎童书馆
书　名　好梦宝贝（维吾尔文）
作　者　克莱尔·弗里德曼
插　图　盖尔·耶里尔
译　者　买然木汗·那以甫
出　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　行　新疆维吾尔自治区新华书店
制　版　乌鲁木齐穆拉卡提文化传媒有限公司
印　刷　北京新华印刷有限公司
开　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　张　2
版　次　2015 年 11 月第 1 版
印　次　2016 年 3 月第 1 次印刷
书　号　ISBN 978-7-5469-7703-4
定　价　18.00 元

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قوياش بوۋا ئاستا ـ ئاستا تاغ كەينىگە پاتتى، ئەتراپنى قىزغۇچ ئالتۇن رەڭلىك شەپەق قاپلىدى.


كىچىك جانىۋارلار «كەچلىك تاماق ۋاقتى بولدى» دېگىنىچە ئۆيلىرىگە قاراپ چېپىشتى، ئۇلار ئاي چىقىشى بىلەنلا ئۇخلاشقا تەمشىلىشتى.

چاشقان ئانا كەچلىك تاماق يەۋاتقان باللىرىغا قاراپ كۆلۈمسىرىگىنىچە:

— باللىرىم، پېچىنە-پىرەنىكلەرنى يەپ بولۇپلا دەرھال ئۇخلاڭلار، بولمىسا بەك كەچ بولۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

— بىزنىڭ پەقەتلا ئۇيقىمىز كەلمىدى، — دەپتۇ چاشقان باللىرى تەڭلا.

ھوي؟ بىر چاشقان بالىسى ئىرىمچىككە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قاپتىغۇ؟







يۇيۇنىدىغان بولدۇق! بۆجەنلەر ۋاننىنىڭ ئىچىدە سۇ
چېچىشىپ ئويناپ نۇرغۇن كۆپۈكچىلەرنى چىقىرىۋېتىپتۇ.
ئانا توشقان بالىلىرىنى بىر - بىرلەپ پاكىزە يۇيۇپتۇ.
توشقانچاقلار:
— بىز سۇ چېچىشىپ ئويناشقا بەك ئامراق، — دەپ
سۇ ئىچىدە تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئويناپتۇ.







يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئانا توشقان لۆڭگە
بىلەن بالىلىرىنى بىر - بىرلەپ سۈرتۈپتۇ:
— بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت... بىرەرسىنى ئۇنتۇپ
قالماي يەنە، — دەپتۇ. ئانا توشقان
كۈلۈمسىرىگىنىچە:
— ھوي! بىرسى كەمغۇ؟ قايسىڭلار
مۆكۈۋالدىڭلار؟ — دەپتۇ.



بورسۇقچاقلار بوۋىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشۇپ:
— يەنە بىرنى، يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىڭە! دېيىشىپ، — بوۋىسى ئېيتقان ھېكايىلەرنى ئاڭلاپتۇ. ئارىسىدىن بىر بورسۇقچاق:
— بوۋا، قاراڭ، بۇ ھېكايە بەك قىزىقارلىقكەن! — دەپتۇ.







تيىن ئانا:

ــ ئوماق قوزىلىرىم، ئەمدى ئۇخلايلى، ــ دېگىنىچە بالىلىرىنى كۆتۈرۈپ كارىۋىتقا ياتقۇزغىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

قارالڭ، بىر تيىنچاق مۆكۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ تېخى ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ، يەنە مۆكۈشمەك ئوينىغىسى بار ئىكەن.





ئېيىقچاقلار دېرىزە تەكچىسىدە تۇرۇپ ئاسماندىكى يالت - يۇلت قىلىپ كۆزنى قاماشتۇرۇۋاتقان يۇلتۇزلارنى ساناپتۇ. «بىر، ئىككى، ئۈچ».

هوي؟ خورەك تارتىۋاتقان كىمدۇ؟

ھە... ئەسلىدە بىر ئېيىقچاق يۇلتۇز ساناۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ ئەمەسمۇ!





— قوزام، نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟

— ئېيىق قورچىقىم يوق تۇرىدىغۇ ئاپا؟ تېزدىن ماڭا تېپىشىپ بەرگىنە، ئېيىق قورچىقىم بولمىسا مەن ئۇخلىيالمايدىكەنمەن، — دەپتۇ توشقانچاق يىغلاپ تۇرۇپ.







ھەممە كىچىك ھايۋانلارنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىردىن لاتا قورچىقى بار. ئۇلار نەگىلا بارسا شۇ قورچىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. ئۇخلىغاندىمۇ قورچىقىنى قۇچاقلاپ ياتسا راھەت ھەم تاتلىق ئۇخلايدۇ.





چاشقان ئانا بالىلىرىغا يوتقان يېپىپ قويغاندىن كېيىن بوش ئاۋازدا:

— خەيرلىك كەچ قوزىلىرىم، — دەپتۇ.

بىر چاشقانچاق ئاپىسىنى دوراپ قورچىقىغا يوتقاننى يېپىپ قويۇپتۇ.







www.uyghurkitap.com



كىرپە دادا بالىلىرىغا يېقىملىق ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بالىلىرى ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئارىسىدىكى بىر كىرپىچاق تېخىچە ئۇخلىماپتۇ. ئەسلىدە ئۇمۇ ناخشا ئېيتىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

ئەمدى ھەممە ھايۋانلار ئۆزلىرىنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ، قورچىقىنى قۇچاقلىغىنىچە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

ھەممە ئۆينىڭ چىراغلىرى خۇددى ئاسماندىكى ئاينىڭ يورۇقىغا ئوخشاش شۇنچىلىك ئىللىق شۇنچىلىك يېقىملىق.

خەيرلىك كەچ، بورسۇقچاق، تېيىنچاق!

خەيرلىك كەچ، توشقانچاق، كىرپىچاق!

خەيرلىك كەچ، چاشقانچاق، ئېيىقچاق!

خەيرلىك كەچ، سۆيۈملۈك قوزام! ياخشى چۈش كۆرۈڭ!







www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب زامانىۋى مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据现代教育出版社2013 年 6 月第 1版，2013 年 6 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: شاھمەردان ئەنۋەر
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

«كىچىك يولۋاس» چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ياخشى چۈش كۆرۈڭ قوزام

ئاپتورى: كىلەيىر فىرىدمەن [ئەنگلىيە]
رەسىمىنى سىزغۇچى: گاير ئىرىل [ئەنگلىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەم نايىپ

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى مۇلاقات مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
**باسما تاۋىقى:** 2
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7703 - 4
**باھاسى:** 18.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى ـ شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)



ISBN 978-7-5469-7703-4
9 787546 977034 >
定价：18.00 元